## 13738 ـ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈننده هەيز توختىتىش دورىسى ئىشلەتسە بولامدۇ؟

### سوئال

ئايالنىڭ ئادىتى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈننده كېلىدىغان بولۇپ قالسا، بۇ پەزىلەتلىك كۈنلەردىكى ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن هەيز توختىتىش دورىسى ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەهمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالنى شەيخ مۇهەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن رەهىمەهۇللاهدىن سورىساق، شەيخ مۇنداق دېگەن" :ئاللاهغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بۇ دورىنى ئىشلەتسە بىر نەرسە بولمايدۇ، چۈنكى ئايدا كېلىدىغان هەيز دېگەن ئاللاھ تائالا ئاياللارغا بېكىتكەن بىر ئىش.

هەقىقەتەن ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام بىلەن خوشلىشىش هەججىگە كەلگەندە ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئېهرام كىيگەن، مەككىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئادەت كۆرۈپ قالغان، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە يىغلاۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ دېگەندە، ئۇنىڭ ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهاغا: «هەيز دېگەن ئاللاھ تائالا ئاياللارغا بېكىتكەن بىر ئىش، ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولمايدۇ» دېگەن، ئەگەر سىز رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈننده ئادەت كۆرۈپ قالسىڭىز، ئاللاهنىڭ سىزگە تەقدىر قىلغان ئىشىغا بويسۇنۇڭ، هەيز توختىتىش دورىسىنى ئىشلەتمەڭ، ئىشەنچىلىك دوختۇرلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ دورا ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ۋە قانغا بەك زىيانلىق ئىكەن، ئەگەر هامىلە بولۇپ قالسا بۇنىڭ هامىلىگە بەك تەسىرى بولىدىكەن، بىزچە، بۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىڭ، ئەگەر هەيز كېلىپ قالسا، ناماز بىلەن روزىنى تەرك قىلىڭ، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس بەلكى ئاللاھ تائالا بېكىتىۋەتكەن ئىشدۇر .

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.